# تارىخىي كېسىشىش مەزگىلدىكى ئۇلۇغۋار پىلان

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەمەلىيلەشتۈرۈش، قانداق قىلىپ پارتىيەنىڭ تەشەببۇسىنى دۆلەتنىڭ ئىرادىسى ۋە يۈز مىليونلىغان خەلقنىڭ ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك، مىللەتنىڭ گۈللىنىشى، ئىستىقبالىغا مۇناسىۋەتلىك.

5 ـ ئومۇمىي يىغىندىن مەملىكەتلىك ئىككى يىغىنغىچە بولغان جەريان ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش جەريانى بولدى ——

2021 ـ يىلى باشلىنىشى بىلەن، بىر مۇھىم تەتقىقات ـ مۇھاكىمە كۇرسى مەركىزىي كومىتېت پارتىيە مەكتىپىدە ئۆتكۈزۈلدى.

ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك 190دىن ئارتۇق ئاساسلىق رەھبىرىي كادىر بۇ يەرگە جەم بولۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگەندى، ئىزچىللاشتۇردى. ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ «ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىقلار»غا ئاچقۇچلۇق بىر دەرس ئۆتتى.

«يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇش دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئورنىنى ئايدىڭلاشتۇردى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش دۆلىتىمىز زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېتەكچى پىرىنسىپىنى ئايدىڭلاشتۇردى، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ يول تاللىشىنى ئايدىڭلاشتۇردى».

بۇ ئۈچ «يېڭى» يىرىك پىلان تەكلىپىنىڭ لوگىكىلىق ئاساسىي لىنىيەسى. باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇنى مەركەزلىك، سىستېمىلىق چوڭقۇر شەرھلەپ بايان قىلدى.

باش شۇجى نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەت، تارىخ بىلەن رېئاللىق، دۆلەت ئىچى بىلەن خەلقئارانى بىرلەشتۈرۈش يۈكسەكلىكىدىن، يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قەدەم قويۇشنىڭ چوڭقۇر ئاساسىنى تەھلىل قىلدى، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ يېڭى تەلىپىنى شەرھلەپ بايان قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىشنىڭ ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشىنى شەرھلىدى.

قانداق قىلغاندا يىرىك پىلان تەكلىپىنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولىدۇ؟ باش شۇجى شى جىنپىڭ «ئۈچ ئىقتىدار» يېڭى تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى: كۆڭلىگە «دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى»نى پۈككۈچىلەر سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك.

«ئاچقۇچلۇق ئاز سانلىقلار» ئاچقۇچلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشى زۆرۈر. «ئۈچ ئىقتىدار» ئارقىلىق «ئۈچ يېڭى»نى ئەمەلىيلەشتۈرگەندىلا، رەھبىرىي كادىرلار چېگىش، مۇرەككەپ زىددىيەت مۇناسىۋەتتىن سىياسىي لوگىكىنى ئىگىلەپ، چوڭ يۈزلىنىشنى كۆزىتەلەيدۇ، پۈتۈن ۋەزىيەتنى كۆزلىيەلەيدۇ، چوڭ ئىشلارنى تۇتالايدۇ، سىياسىي مەيداندىن تەۋرەنمەسلىك، سىياسىي يۆنىلىشتىن چەتنىمەسلىكتە چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك ئىشلار تەرەققىياتىنىڭ توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىشىغا تۈرتكە بولالايدۇ.

ئون نەچچە كۈندىن كېيىن، مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز تەرەققىياتىدا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشتىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كوللېكتىپ ئۆگىنىش قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا، پۈتۈن پارتىيە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى جەزمەن تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە دۆلىتىمىز تەرەققىياتىدا ئىشنى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

بۇ يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلغان بىر مەيدان چوڭ ئۆگىنىش. ئومۇمىي يىغىن يېپىلىپ توققۇز كۈندىن كېيىن، مەركەز لېكسىيە ئۆمىكى بېيجىڭدا تۇنجى مەيدان دوكلات بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزدى، ئارقىدىن پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا بېرىپ لېكسىيە سۆزلىدى.

11 كۈندە، مەركەز لېكسىيە ئۆمىكى 43 مەيدان دوكلات بەردى، تۈرلۈك شەكىلدىكى ھەمتۈركۈملۈك پىكىر ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىدىن 67 مەيدان ئۆتكۈزدى، بىۋاسىتە ئاڭلىغۇچىلار 40 مىڭ كىشىدىن ئاشتى، تېلېۋىزوردا بىۋاسىتە كۆرسىتىش، توردا ئۇلاپ تارقىتىش قاتارلىق يوللار ئارقىلىق 20 مىليوندىن ئارتۇق كىشى ۋاسىتىلىك ئاڭلىدى، كۆردى.

پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىدىن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىغىچە، شەھەرلەردىن يېزىلارغىچە، ئورگانلاردىن كارخانىلارغىچە، مەھەللىلەردىن مەكتەپلەرگىچە، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتە ئومۇمىي يىغىن روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلۈپ، ئىدىيە بىرلىككە كەلتۈرۈلدى، ئورتاق تونۇش مۇجەسسەملەندى، كۈچ توپلاندى، ئەمەلىيەتكە تۈرتكە بولۇندى.

5 ـ ئومۇمىي يىغىندىن مەملىكەتلىك ئىككى يىغىنغىچە بولغان جەريان كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلارنى سىجىل پىلانلاش جەريانى بولدى ——

2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 18 ـ كۈنىگىچە، مەركەز ئىقتىساد خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلىپ، كەسكىن خىرىس ئالدىدا ئىقتىساد خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولغان قانۇنىيەتلىك تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تەكىتلىدى، 2021 ـ يىللىق ئىقتىساد خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي تەلىپى ۋە سىياسەت يۆنىلىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «14 ـ بەش يىل»دا ئىشنى باشلاش ئۈچۈن يۆنىلىش بەلگىلەپ، يول ئېچىپ بەردى.

2020 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى. بۇ چاغدا، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى تاماملاشقا پەقەت ئۈچ كۈنلا قالغانىدى.

مۇھىم تارىخىي تۈگۈن نۇقتىسىغا قەدەم ئېلىش پەيتىدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن 3 ـ قېتىم مەركەز يېزا خىزمىتى يىغىنىغا قاتنىشىپ ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

مىللەتنى گۈللەندۈرۈشتە، جەزمەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش كېرەك. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا غەلىبىنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك، بۇ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» خىزمىتى مۇھىم نۇقتىسىنىڭ تارىخىي خاراكتېرلىك يۆتكىلىشى.

2021 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بويىچە خۇلاسىلەش ـ تەقدىرلەش يىغىنىدا مۇنداق كۆرسەتتى: مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش ئېلىپ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت، ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى تەلەپلەرنى چۆرىدەپ، «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنى پۈتۈن پارتىيە خىزمىتىدە مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك.

«ئۈچ يېڭى» كۆزىتىش نۇقتىسىدىن «يېزا ئىگىلىكى، يېزا، دېھقانلار» مەسىلىسىنى تەھلىل قىلىش باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چوڭقۇر ئويلانغانلىقى ۋە پىلانلىغانلىقىنى نامايان قىلدى، بۇ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى قانداق ئالغا سىلجىتىش كېرەك؟ باش شۇجى شى جىنپىڭ يىراقنى كۆزلەپ پۇختا پىلان تۈزدى، ئىستراتېگىيەلىك پىلان تۈزدى.

2020 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنىدىن 17 ـ كۈنىگىچە، پارتىيە تارىخىدا تۇنجى قېتىم ئېچىلغان مەركەز دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش خىزمىتى يىغىنىدا، شى جىنپىڭ قانۇنچىللىق ئىدىيەسى دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى قىلىپ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتا نۇقتىلىق چىڭ تۇتۇلىدىغان خىزمەتلەر توغرىسىدا 11 جەھەتتىكى تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى كۈچلۈك قانۇنچىللىق كاپالىتى بىلەن تەمىنلەش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 18 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلىپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش نىشان ـ ۋەزىپىسىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئىسلاھات لايىھەسىنى تېخىمۇ دەل جايىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسلاھاتنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلاملارغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

...

ئومۇمىي يىغىندىن كېيىنكى ھەر قېتىملىق مۇھىم يىغىنلاردا، باش شۇجى شى جىنپىڭ يول باشچىغا خاس ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە يىراقنى كۆرەرلىكى بىلەن پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار مۇھىم، زور خىزمەتلەرنى سىجىل پىلانلاپ ۋە ئورۇنلاشتۇرۇپ، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پىروگراممىسىنى تۈزۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى.

نەزەرىيە ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، شۇنداقلا ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ.

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىساد تېررىتورىيەسىدە، چاڭجياڭ دېلتىسى رايونى ئىقتىساد ئەڭ جانلانغان، ئېچىۋېتىش دەرىجىسى ئەڭ يۇقىرى، يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارى ئەڭ كۈچلۈك رايونلارنىڭ بىرى.

2020 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەتنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئومۇمىي يىغىننىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈردى، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

باش شۇجى جياڭسۇ نەنتۇڭ، ياڭجۇنى بويلاپ ئېقىنغا قارشى ئىلگىرىلەپ، چاڭجياڭ دەرياسى ۋە قانال قىرغىقى لىنىيەسى، سۇچىلىق تۈگۈنى قاتارلىقلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، نەنجىڭدا چاڭجياڭ دەرياسى ئىقتىساد بەلبېغىنىڭ تەرەققىياتىغا ئومۇميۈزلۈك تۈرتكە بولۇش سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

«ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداشنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش» «تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىپ، تەرەققىيات پىكىر يولىنى ئەلالاشتۇرۇش» «تاغ، سۇ، ئادەم، شەھەر ئىناق ئۆتۈش، ئۆزئارا سىڭىشىشنىڭ يېڭى يۈكسەك رەسىمنى سىزىش»...

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشى ۋە سۆھبەت يىغىنىنى يېشىل تەرەققىيات نەتىجىلىرى ئارقىلىق ئومۇمىي تەرەققىيات سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ روشەن سىگنالىنى قويۇپ بەردى.

ئەمدىلا نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش ۋەزىپىسىنى تاماملىغان گۇيجوۋدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئوخشاشلا دىققەت نۇقتىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا قويدى. باش شۇجى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈپ، ئاساسىي قاتلام ئىدارە قىلىشنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىگىلەپ، يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىش نەتىجىلىرىنى كۆرۈپ، ئورتاق بېيىشنى ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا توختىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئارقىلىق پۈتۈن ۋەزىيەتنى بىرتۇتاش ئىگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، تەرەققىيات ۋە ئېكولوگىيەدىن ئىبارەت ئىككى تۆۋەن چەكنى ياخشى ساقلاشنى تەكىتلىدى.

5 ـ ئومۇمىي يىغىندىن مەملىكەتلىك ئىككى يىغىنغىچە بولغان جەريان يىرىك پىلان پىروگراممىسىنى تەييارلاشتىن مۇكەممەللەشتۈرۈشكىچە بولغان جەريان بولدى ——

يىرىك پىلان تەكلىپىدىن يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسىگىچە، پۈتكۈل تۈزۈش جەريانىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى پىلانلاپ، يېتەكچىلىك قىلىپ، مۇھىم ئورۇنلاشتۇرمىلارنى قىلىپ، يوليورۇق بېرىپ، مۇھىم، زور مەسىلىلەردە ۋاقتىدا ئۆتكەلنى ئىگىلەپ، نىشان بەلگىلەپ، يىرىك پىلاننى تۈزۈشتە ئەگرى يولدا ماڭماي، باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئىلگىرىلەشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ يىرىك پىلان پىروگراممىسىنى تۈزۈش خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، كۆپ قېتىم مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، تەستىقى يوليورۇق بېرىپ، مەركەزنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پىروگراممىسى ۋە مەخسۇس يىرىك پىلان، يەرلىك يىرىك پىلاننى ياخشى تۈزۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق تەرەققىيات توغرىسىدىكى تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى ئېنىق تەلەپ قىلدى.

يىرىك پىلان پىروگراممىسىنى تۈزۈش خىزمىتىنى گوۋۆيۈەننىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان «پىروگرامما لايىھەسى»نى تۈزۈش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەشكىللەپ يولغا قويدى. پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىي يىغىن روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يىرىك پىلان تەكلىپىگە ئاساسەن يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسىنى تۈزۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆزىنىڭ روھى بويىچە ئۆلچەمگە توغرىلىنىپ، قانۇن ـ نىزامغا توغرىلىنىپ ئۈزلۈكسىز تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئاساسلىق نىشانى ۋە مۇھىم، زور ۋەزىپىلىرىنى ھەقىقىيلەشتۈرۈپ، مىقدارلاشتۇردى.

تەتقىق قىلىش، شەكىللەندۈرۈش، تەييارلاش، مۇكەممەللەشتۈرۈش...

2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، گوۋۆيۈەن 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنىدىغان يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پىروگراممىسىنى ئىلمىي تۈزۈپ يولغا قويۇش ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشتا مۇھىم، زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەلەپ قىلدى: «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسىنى 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ تەكشۈرۈشىگە ۋە مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنىڭ مۇزاكىرە قىلىشىغا سۇنۇش جەريانىدا، دېموكراتىيەنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، ھەقىقىي تۈردە يىرىك پىلان پىروگراممىسىنى ياخشى تۈزۈپ، يىرىك پىلان پىروگراممىسىنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇش ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك.

يەتتە كۈندىن كېيىن، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنى ئېچىلدى، يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسى يىغىننىڭ تەكشۈرۈشىگە سۇنۇلدى.

**5 ـ ئومۇمىي يىغىندىن مەملىكەتلىك ئىككى يىغىنغىچە، خەلق رايىنى كەڭ دائىرىدە ئاڭلاپ، خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى توپلاپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى جارى قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئورتاق كېڭىشىش جۇڭگوچە دېموكراتىيەنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى**

1 مىليارد 400 مىليون ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلاننى ياخشى تۈزۈشنىڭ ئەھمىيىتى مۇھىم، زور، ۋەزىپە مۈشكۈل.

بۇلتۇر 8 ـ ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈش خىزمىتى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ تەدبىر سوراپ، كۆپچىلىكنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئىشقا سېلىپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى كۈچەيتىش بىلەن خەلقتىن ئەقىل سوراشتا چىڭ تۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسى ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنى تۈرلۈك شەكىلدە «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ئۈچۈن چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىشكە ئىلھاملاندۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە جەمئىيەتنىڭ ئارزۇسى، ئاممىنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ پىكرى، ئاساسىي قاتلامنىڭ تەجرىبىلىرىنى «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى تۈزۈشتە قوبۇل قىلىپ، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى ياخشى تۈزۈش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

خەلق رايىنى كەڭ دائىرىدە ئاڭلاپ، خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى توپلاشنى باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆز ھەرىكىتىدە كۆرسەتتى ——

يىرىك پىلان تەكلىپىنى تەييارلاش مەزگىلىدە، باش شۇجى كۆپ قېتىم يەرلىككە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، خەلق رايىنى ئاڭلىدى ھەم يەتتە مەيدان مەخسۇس تېمىلىق سۆھبەت يىغىنىنى ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، كارخانىچىلار، پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار، ئىقتىساد، جەمئىيەت ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر، يەرلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، ئاساسىي قاتلام ۋەكىللىرى قاتارلىق ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى قاتلامدىكى زاتلارنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئاڭلىدى.

بۇلتۇر 9 ـ ئايدىكى ئالىملار سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشتا «تۆتكە يۈزلىنىش»تە چىڭ تۇرۇش ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى: دۇنيا پەن ـ تېخنىكىسىنىڭ ئالدىنقى سېپىگە يۈزلىنىش، ئىقتىسادنىڭ ئاساسىي جەڭ مەيدانىغا يۈزلىنىش، دۆلەتنىڭ مۇھىم، زور ئېھتىياجىغا يۈزلىنىش، خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا يۈزلىنىش.

«ئۈچكە يۈزلىنىش»تىن «تۆتكە يۈزلىنىش»كىچە، باش شۇجى شى جىنپىڭ تەييارلاش گۇرۇپپىسىغا، «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان تەكلىپىنى تۈزۈشتە، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىشقا «خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا يۈزلىنىش» دېگەن مەزمۇننى قوشۇش كېرەك، دەپ تەكىتلىدى.

«خەلقنىڭ ھاياتى، ساغلاملىقىغا يۈزلىنىش» تەلىپى يىرىك پىلان تەكلىپىگە كىرگۈزۈلۈپلا قالماي، بۈگۈنكى كۈندە يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسىدە يەنىمۇ ئىنچىكىلەشتۈرۈلدى:

«بىيو تېببىي دورىگەرلىك» دۆلەت تەجرىبىخانىسىنى تەشكىللەپ قۇرۇشتىكى مۇھىم، زور يېڭىلىق يارىتىش ساھەسىگە كىرگۈزۈلدى؛ پەن ـ تېخنىكىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ساھەلەردە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس ئىستونى «گېن ۋە بىيو تېخنىكا» «كلىنىكىلىق تېبابەت ۋە ساغلاملىق» قاتارلىق نۇرغۇن ئەڭ ئىلغار تەتقىقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ...

مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن ئېچىلغاندىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋەكىللەر، ئەزالار بىلەن بىرلىكتە يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسىنى تەكشۈردى، مۇزاكىرە قىلدى.

3 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى ئۆزى تۇرۇشلۇق ئىچكى موڭغۇل ۋەكىللەر ئۆمىكىگە كېلىپ قاراپ چىقىشقا قاتناشتى.

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى تەرەققىياتتىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى چۆرىدەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ نەق مەيداندىكى ۋەكىللەرنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەم كۆپچىلىك بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى.

باينۇردىن كەلگەن ۋەكىل جاڭ شياۋبىڭ خېتاۋ رايونىنىڭ ئېكولوگىيەنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىش، قۇملۇقنىڭ شەرقتىن خۇاڭخې دەرياسىغا ھۇجۇم قىلىشىنى توسۇش ئەھۋالىنى دوكلات قىلدى.

«بۇ جاينى ياخشى قوغداش كېرەك، شورلىشىپ كەتكەن تېرىلغۇ يەرلەرنى تۈزەش مەسىلىسى بار، شۇنداقلا قۇمنى تىزگىنلەش مەسىلىسىمۇ بار» دېدى باش شۇجى شى جىنپىڭ ئىنكاس قايتۇرۇپ.

يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسىدە، تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاقنى سىستېمىلىق تۈزەشتە چىڭ تۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

باش شۇجى شى جىنپىڭ قاراپ چىقىشقا قاتناشقاندا نۇقتىلىق مۇنداق كۆرسەتتى: «تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق، قۇمنى سىستېمىلىق تۈزەشنى بىرتۇتاش پىلانلاش كېرەك، بۇ يەرگە ‹قۇم› دېگەن سۆزنى قوشۇش كېرەك».

«تاغ، دەريا، ئورمان، ئېتىز، كۆل، ئوتلاق، قۇمنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشتا، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى ياخشى ئىشلەپ، ئۈنۈملۈك تۈزەش كېرەك، بۇ، بىر سىستېما قۇرۇلۇشى بولۇپ، بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.» «يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسى بىر پۈتۈن گەۋدە، ئۇنى جەزمەن تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك چۈشىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە كۈچەپ مۇلازىمەت قىلىش ۋە سىڭىشىش كېرەك.»... يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى چۆرىدەپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ تەپسىلىي شەرھلەپ بايان قىلدى.

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە داۋالاش، مائارىپتىكى كەمتۈكلۈكلەرنى قانداق تولۇقلاش پۇقرالارنىڭ بەخت ـ سائادىتىگە مۇناسىۋەتلىك، باش شۇجى شى جىنپىڭ ھەرۋاقىت كۆڭۈل بۆلدى.

3 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان تېببىي دورا ـ سەھىيە ساھەسى، مائارىپ ساھەسىدىكى ئەزالارنى يوقلىدى ھەم بىرلەشمە گۇرۇپپا يىغىنىغا قاتناشتى.

«خەلقنىڭ ساغلاملىقى جەمئىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى» «مائارىپ دۆلەتنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى، پارتىيەنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى». ئەزالارنىڭ سۆزى ۋە تىلغا ئېلىنغان بەزى قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرگە باش شۇجى شى جىنپىڭ يۈكسەك ئەھمىيەت بەردى ھەم مۇھىم سۆزىدە «خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى كاپالەتلەندۈرۈشنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇش كېرەك» «پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك» دەپ تەكىتلەپ، تېببىي دورا ـ سەھىيە ۋە مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ئېنىق يۆنىلىش كۆرسىتىپ بېرىپ، ۋەكىللەر، ئەزالار ۋە كەڭ كادىرلار، ئاممىنىڭ كۈرەش قىلىش كۈچىنى ئۇرغۇتتى.

«14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش روشەن باش تېما.

3 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاردىن بەش يىل ئۆتكەندە يەنە بىر قېتىم چىڭخەي ۋەكىللەر ئۆمىكىگە كېلىپ قاراپ چىقىشقا قاتناشتى، ۋەكىللەر كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە قارىتا ئاساسىي مەقسەتنى باشتىلا ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى:

«يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات بىر ئىقتىسادىي تەلەپ بولۇپلا قالماي، بەلكى ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە قويۇلغان ئومۇمىي تەلەپ» «پەقەت ئىقتىسادى تەرەققىي تاپقان رايونلارغىلا قويۇلغان تەلەپ بولۇپلا قالماي، بەلكى بارلىق رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدا جەزمەن ئىزچىللاشتۇرۇلىدىغان تەلەپ»...

قەرەلىدە ئېچىلغان باھاردىكى بۇ مەيدان كاتتا يىغىندا، باش شۇجى شى جىنپىڭ ۋەكىللەر، ئەزالار بىلەن بىللە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرىنى ئورتاق كېڭىشىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا قاراپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشتىكى غايەت زور كۈچ ـ قۇۋۋەتنى مۇجەسسەملىدى.

چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىپ، ئۇلۇغۋار پىلان ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىش. يىغىن مەيدانىدا، ۋەكىللەر، ئەزالارنىڭ پىروگرامما لايىھەسىنى تەكشۈرۈش، مۇزاكىرە قىلىش كەيپىياتى قىزغىن بولدى؛ ۋەكىللەر، ئەزالار يولدا، 30دىن ئارتۇق ۋەكىل، ئەزا «ئېكران ئارقىلىق سۆزلىشىپ»، يېڭى مۇساپىدىكى تەرەققىيات ئورتاق تونۇشىنى مۇجەسسەملىدى؛ ئىككى مەيدان سىياسىي كېڭەش يىغىنىدا سۆز قىلغاندا، 24 ئەزا دىققىتىنى «14 ـ بەش يىل»لىق تەرەققىياتتىكى قىيىن نۇقتا، قىزىق نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ چارە ـ تەدبىر كۆرسەتتى.

خەلق رايىنىڭ يۆنىلىشى، دېموكراتىيەنىڭ ئاساسى.

نەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئىچكى موڭغۇل دالاتې خوشۇنىدا، پۈگېبۇ كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لى دېيەنبو «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان پىروگراممىسى لايىھەسىدە «يېزا ئۆزئارا ياردەم بېرىش بەخت ھويلىسى قاتارلىق ئۆزئارا ياردەم بېرىش خاراكتېرىدىكى ياشانغانلار كۈتۈنۈشىنى پائال راۋاجلاندۇرۇش»نىڭ مەخسۇس ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھاياجىنىنى باسالماي قالدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)